ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتايلى

# سىياسەت داشۆسىڭلارنى ئىلھاملاندۇردى: يۇرۇۋگىلار، ئاساسىي قاتلامغا بارايلى!

ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرەيلى

□پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاۋ شىيا

ھازىر دەل ئۆرۈك سېتىشنىڭ ئاۋات پەسلى، گۇما ناھىيەسى ساجام يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكا تەرەققىيات چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى ئالىمجان مەمتىمىن دائىم ئەتىگەندىن كەچكىچە ئالدىراش يۈرىدۇ. ئۈرۈمچى كەسپىي داشۆسىنىڭ ئوقۇغۇچىسىدىن گۇما ناھىيەسىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش باشلامچىسىغىچە، ئالىمجان كۆزنى چاقنىتىدىغان نەتىجە قازىنىپ تاپشۇردى: يېقىنقى ئىككى يىلدا، ئالىمجان توردىن پايدىلىنىپ گۇما ناھىيەسىنىڭ «چولپان ئۆرۈك»نى بېيجىڭ، شاڭخەي قاتارلىق شەھەرلەرگە سېتىپ، يىللىق سېتىش مىقدارىنى 200 توننىغا يەتكۈزۈپ، گۇما ناھىيەسىدىكى 5000 ئائىلىلىكتىن ئارتۇق دېھقاننىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولدى.

«ئاساسىي قاتلاممۇ ياشلارنىڭ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان چوڭ سەھنە، بىز داشۆسىڭلار ئاساسىي قاتلامدا يىلتىز تارتساق چوڭ ئىشلارنى قىلالايمىز.» ئالىمجاننىڭ سۆزى ئاساسىي قاتلامدا يىلتىز تارتىپ تۆھپە يارىتىۋاتقان داشۆ پۈتكۈزگەن نۇرغۇن ئوقۇغۇچىنىڭ يۈرەك ساداسى.

بۇ يىل، ئاپتونوم رايونىمىز ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، داشۆسىڭلارنى ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ ئىشقا ئورۇنلىشىپ، ئاساسىي قاتلام پېچىدا ئۆزگىچە ياشلىق باھارىنى تاۋلاپ، چوڭ ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان، ئېغىر ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالالايدىغان غوللۇق ئىختىساسلىقلاردىن بولۇشقا پائال يېتەكلىدى.

## ئاساسىي قاتلام ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سۇپىسى بەرپا قىلىش

2020 ـ يىللىق داشۆسىڭ پىدائىيلار مۇلازىمىتى غەربىي قىسىم پىلانىغا قاتنىشىش ئارقىلىق، يەنە بىر يېرىم ئايدىن كېيىن، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسىنى پۈتكۈزگەن مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچى لى خاۋ قاراقاش ناھىيەسىدە مائارىپقا ياردەم بېرىدىغان ئوقۇتقۇچىغا ئايلىنىدۇ. «جەنۇبىي شىنجاڭ بىزگە تېخىمۇ موھتاج. ئىلگىرى يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بەرگەن، مائارىپقا ياردەم بەرگەن مەكتەپداش ئاكىلاردىن نۇرغۇن تەسىرلىك ھېكايىلەرنى ئاڭلىغاندىم، مېنىڭمۇ ئۇلارغا ئوخشاش ئۆمۈربويى ئۇنتۇلغۇسىز بىر ئىش قىلغۇم بار» دېدى لى خاۋ ھاياجانلانغان ھالدا.

داشۆسىڭ پىدائىيلار مۇلازىمىتى غەربىي قىسىم پىلانى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ داشۆسىڭلارنىڭ ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى كېڭەيتىش يوللىرىنىڭ بىرى. بۇ يىل، ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە 85 مىڭ 600 ئىش ئورنىنى رەتكە تۇرغۇزۇپ جەملەپ، مۇشۇ ئاساستا ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاساسىي قاتلامدا ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى سىياسەت جەھەتتىن قوللاش سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز زورايتتى. «ئۈچكە ياردەم بېرىش، بىرنى يۆلەش»، ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەكلىپ قىلىش پىلانى قاتارلىقلارنى كېڭەيتىش ئارقىلىق، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلار ئاساسىي قاتلامغا قوبۇل قىلىنىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدۇ؛ بۇنىڭدىن باشقا، بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاساسىي قاتلام پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە كەسپىي ئورۇنلاردا كۆرۈلگەن بوش خىزمەت ئورنى (ئىش ئورنى) ئاساسلىقى بۇ يىل ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىش (تەكلىپ قىلىش)قا ئىشلىتىلىپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلار ئاساسىي قاتلامدىكى ئورگان، كەسپىي ئورۇنلارغا بېرىپ خىزمەت قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇلدۇ؛ ئاپتونوم رايون ھەرقايسى جايلاردىن ھۆكۈمەتنىڭ مۇلازىمەت سېتىۋېلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئاساسىي قاتلام ئاممىۋى مەنپەئەت خاراكتېرلىك ئىش ئورۇنلىرىنى كۆپ خىل يول بىلەن ئېچىپ، بولۇپمۇ ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەردىكى ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلار قاتارلىق تۈرنى كۆزدە تۇتۇپ ئاممىۋى مەنپەئەت خاراكتېرلىك ئىش ئورۇنلىرىنى ئېچىپ، ئورۇنلاشتۇرۇشقا تولۇق كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

«ئۈچكە ياردەم بېرىش، بىرنى يۆلەش» پىلانى بويىچە 2000 ئادەم قوبۇل قىلىنىدۇ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاست، ئاممىۋى سەھىيە مۇلازىمىتى ساھەسى ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىشى قىيىن بولغان ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەردىكى، نۆل ئىشقا ئورۇنلاشقان ئائىلىلەردىكى ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارغا مايىللىشىپ، ئۇلارنىڭ ئاساسىي قاتلامدا ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ياخشى سۇپا ھازىرلاپ بېرىلىدۇ» دەپ تونۇشتۇردى ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىدىكى ئالاقىدار مەسئۇل كىشى.

## سىياسەت «سوۋغىسى»نى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش

مەكتەپنىڭ سىياسەتنى تەشۋىق قىلىشى، يېتەكلىشى ئارقىلىق، 6 ـ ئايدا، شىنجاڭ داشۆ ماشىنىسازلىق قۇرۇلۇشى شۆبىسىنىڭ 2020 ـ يىلى ماگىستىرلىقنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىسى شى جىشىن ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ تاللاپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرىدىغان ئوقۇغۇچىلىقىغا ئىمتىھان بەردى. «بىز ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ ئىشقا ئورۇنلاشساق تۇرمۇش ياردەم تولۇقلىمىسى ۋە ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ياردەم تولۇقلىمىسىدىن بەھرىمەن بولىمىز، مۇلازىمەت مۇددىتى توشۇپ باھالاشتا لاياقەتلىك بولغاندىن كېيىن، كەسپىي ھاياتىمىزنى پىلانلاش، ئۆسۈپ يېتىلىش داۋامىدا يەنە بىر قاتار قەلبلەرنى ئىللىتىدىغان سىياسەت مەدەتى بار، بۇنىڭدىن ئىنتايىن خاتىرجەملىك ھېس قىلدىم، ئاساسىي قاتلامدىكى ئامما بىلەن بىرلىكتە قەتئىي ئىرادە بىلەن كۈرەش قىلىپ، مۇلازىمەت قىلىش، بېغىشلاش داۋامىدا ئۆزۈمنى چېنىقتۇرۇپ، ھاسىلاتقا ئېرىشىش، ئۆسۈپ يېتىلىشكە تېخىمۇ ئىشەنچىم بار بولدى» دېدى شى جىشىن.

ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنى تۆۋەنگە چۈشەلەيدىغان، تۇرۇپ قالالايدىغان، ياخشى ئىشلىيەلەيدىغان قىلىش ئۈچۈن، بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىز بىر قاتار ئاساسىي قاتلام ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسەت «سوۋغىسى»نى تەييارلاپ، ئاساسىي قاتلامنى ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشىدىكى چوڭ سەھنىگە، چېنىقىشى، ئۆسۈپ يېتىلىشىدىكى چوڭ ئىمتىھان مەيدانىغا ئايلاندۇردى.

ئاساسىي قاتلام ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسەت «سوۋغىسى» مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: ئاساسىي قاتلام ناھىيە، يېزىلىرىدىكى ئورگان، كەسپىي ئورۇنلار ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاست ھەم جاپالىق، چەت، يىراق رايونلاردا ئىشقا ئورۇنلاشقان ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنى نوپۇسقا ئېلىش، ئوقۇش ياردەمى قەرز پۇلىنى ۋاكالىتەن تۆلەش، مۇددەتتىن بۇرۇن رەسمىيلەشتۈرۈپ دەرىجىسىنى بېكىتىش، مائاشىنى يۇقىرى بېكىتىش قاتارلىق سىياسەتلەر ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدۇ؛ ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلار كارخانىلارغا بېرىپ ئىشقا ئورۇنلاشسا، كارخانا ۋە شەخسلەر ئەمەلىي تاپشۇرغان ئاساسىي كۈتۈنۈش، ئاساسىي داۋالىنىش ۋە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى ھەققىنىڭ يىغىندىسى بويىچە ئەڭ ئۇزاق بولغاندا ئۈچ يىللىق ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ياردەم تولۇقلىمىسى بېرىلىدۇ؛ ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلار ئاساسىي قاتلام تۈرلىرىگە قاتناشسا، بەلگىلىمە بويىچە تۇرمۇش پۇلى ياردەم تولۇقلىمىسى ۋە ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ياردەم تولۇقلىمىسى بېرىلىدۇ. مۇلازىمەت مۇددىتى توشۇپ باھالاشتا لاياقەتلىك بولسا، مەمۇرلۇققا ئىمتىھان بېرىشتە مەخسۇس ئىش ئورنى تەسىس قىلىش، كەسپىي ئورۇن ئىمتىھانىغا قاتناشقاندا يېزىقچە ئىمتىھاندا نومۇر قوشۇپ بېرىش ھەم خىزمەت ئۇستاژىنى ئۇلاپ ھېسابلاش قاتارلىق ئېتىبار سىياسەتلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ؛ ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلار ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلىسە ۋە جانلىق ئىشقا ئورۇنلاشسا، بەلگىلىمە بويىچە ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ياردەم تولۇقلىمىسى ۋە ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 200 مىڭ يۈەن ئىگىلىك تىكلەش كېپىللىك قەرز پۇلى ھەم ئۆسۈم ياردىمى بېرىلىدۇ، ھەر يىلى ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 14 مىڭ 400 يۈەن باجنى كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش سىياسىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدۇ. ئىشقا ئورۇنلىشىش پراكتىكىسىغا قاتناشقانلارغا بەلگىلىمە بويىچە تۇرمۇش پۇلى ياردەم تولۇقلىمىسى ۋە ئىش ئورنى ياردەم تولۇقلىمىسى بېرىلىدۇ.

## ئاساسىي قاتلامغا ئاتلىنىپ ياشلىق باھارىنى تاۋلاش

قان بېسىمىنى ئۆلچەش، دورا تارقىتىش، ئاغرىقلارنى كېسەل كۆرسىتىشكە يېتەكلەش... 7 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، شايار ناھىيەسى قايلور يېزىلىق شىپاخانىدا، شىنجاڭ تېببىي داشۆسىنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچى لىۋ ۋېي ھەقسىز كېسەل كۆرۈش نەق مەيدانىدا ئالدىراش بولۇپ، بىر چۈشتىن بۇرۇن سۇ ئىچىشكىمۇ يېتىشەلمىگەنىدى. «يۇرتداشلارنىڭ ئىشەنچكە تولغان كۆزلىرىنى كۆرۈپ، زىممەمدە ئېغىر مەسئۇلىيەتنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدىم.» ئاساسىي قاتلامنىڭ داۋالاش ئىشلىرى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلغان قىسقىغىنا بىر ئايدا، لىۋ ۋېي ئاساسىي قاتلام دوختۇرخانىلىرىنىڭ داۋالاش بايلىقىنىڭ كەمچىل ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ كىشىلىك ھايات تاللىشىنى تېخىمۇ قەتئىيلەشتۈردى.

خەتتە چوڭقۇر غەمخورلۇق يەتكۈزۈلدى. ئۇدا بىرقانچە كۈندىن بۇيان، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو نېفىت داشۆسى(بېيجىڭ) قاراماي مەكتەپ رايونىدىكى ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارغا قايتۇرغان جاۋاب خېتى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەڭ ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنى كۆرەشچان ياشلىق باھارى ئارقىلىق دەۋر مۇھىم ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئېلىشقا ئۈزلۈكسىز ئىلھاملاندۇرماقتا. «يۇرۇۋگىلار، ياشلىقىمىزدا ئاساسىي قاتلامغا بارايلى!» دېگەن ئاۋازلار ئۈزۈلمەي ئاڭلىنىپ تۇردى.

«ئىرادە تىكلىگەنلەر غەلىبە قىلىدۇ، قىيىنچىلىقتىن قاچمىغانلار ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ»، باش شۇجىنىڭ جاۋاب خېتىدىكى سەممىي تەلىمى شىنجاڭ سىفەن داشۆسىنىڭ 2020 ـ يىللىق ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىسى جەي شىنمىڭغا چوڭقۇر ئىلھام ۋە تۈرتكە بولدى. بۇلتۇر جەي شىنمىڭ ئۈچتۇرپان ناھىيەسىنىڭ «ئەلراينى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىدە بىر يىلغا يېقىن پراكتىكا قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا يۈز بەرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى كۆردى. «ئاساسىي قاتلام داشۆسىڭلارنى چاقىرماقتا، بۇ يەر ھەم بىز داشۆسىڭلارنىڭ كىشىلىك ھايات قىممىتىمىزنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان سەھنە. مەن شىنجاڭدا يىلتىز تارتىپ، ئاساسىي قاتلامغا ئاتلىنىپ، ياشلىق گۈلۈمنى ۋەتەن ۋە خەلق ئەڭ ئېھتىياجلىق جايدا پورەكلىتىپ ئېچىلدۇرىمەن» دېدى جەي شىنمىڭ قەتئىي پوزىتسىيە بىلەن.

«پەقەت قاقاس قۇملۇق بار، مەنىسىز ھايات يوق!» جاۋاب خەتنى تاپشۇرۇۋالغان 118 نەپەر ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىنىڭ بىرى بولغان جۇڭگو نېفىت داشۆسى(بېيجىڭ) قاراماي مەكتەپ رايونىنىڭ ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىسى خې تاۋ جۇڭگو نېفىتى غەربىي قىسىم بۇرغىلاپ چارلاش قۇرۇلۇشى چەكلىك شىركىتىنىڭ بىر ئەزاسىغا ئايلاندى. ئۇ مۇنداق بىلدۈردى: باش شۇجىنىڭ جاۋاب خېتىدىن زىممەمدىكى مەسئۇلىيەت ۋە ئېغىر يۈكنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ، غايە ـ ئېتىقادىمنى مۇستەھكەملىدىم، ياشلار ئاساسىي قاتلامغا بېرىشى، بىرىنچى سەپكە بېرىشى، جاپالىق مۇھىتقا بېرىشى، ۋەتەن ۋە خەلق ئەڭ ئېھتىياجلىق جايغا بېرىشى كېرەك. «مەن چېگرا رايوندا يىلتىز تارتىپ، ياشلىق باھارىمنى ۋەتەن ئەڭ ئېھتىياجلىق جايدا جۇلالاندۇرىمەن» دېدى خې تاۋ.

# يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسى يېڭى دەرۋازىنى ئاچتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ھەربىر كەسىپنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىن قۇرۇشقىچە، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشنىڭ يېڭى مەنزىرىسى كىشىنى روھلاندۇرىدۇ.

## يېڭى ئىدىيە كەسىپ دەرىجىسىنىڭ ئۆسۈشىگە يېتەكچىلىك قىلدى

«قاراڭ، ھەممىسى ئۈچ قەۋەتلىك توخۇ كاتىكى جازىسى، يەم بېرىش، سۇ بېرىشنىڭ ھەممىسىدە كومپيۇتېردا مەشغۇلات قىلىنىدۇ، ئوخشىمىغان ئۆسۈپ يېتىلىش باسقۇچىدا، بېرىلىدىغان يەممۇ ئوخشىمايدۇ...» دېدى 7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى مېيىبىتى شىركىتى گۆش توخۇسى باقمىچىلىق زاۋۇتىنىڭ ئىشچىسى بۇسايىپ روزىمەمەت.

ئۆلچەملەشكەن توخۇ كاتىكى ئەقلىي ئىقتىدارلاشقان يەم بېرىش ماشىنىسى، تېمپېراتۇرا، نەملىكنى ئېلېكترونلۇق كونترول قىلىش تاختىسى... بۇسايىپ نۇرغۇن يېڭى ئىسىملارنى دەپ مۇخبىرنى ھەيران قالدۇردى.

«شۇ جايدىكى دېھقانلارنىڭ توخۇ بېقىش ئادىتى بار، ئىلگىرى ھەممىسى تارقاق باقىدىغان بولغاچقا، كەسىپ شەكىللەنمىگەنىدى» دېدى مېيىبىتى شىركىتىنىڭ ئىجرائىيە لىدىرى جېڭ خەيلۇڭ.

خاس كەسىپنى تېز شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن، قاراقاش ناھىيەسى 2019 ـ يىلى 4 ـ ئايدا يېزا ئىگىلىكنى كەسىپلەشتۈرۈشتىكى باشلامچى كارخانا مېيىبىتى شىركىتىنى كىرگۈزۈپ، ئىگىلىگەن كۆلىمى 1500 مودىن ئاشىدىغان، جەمئىي 1 مىليارد 770 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان تۇخۇمدىن چىقىرىش ـ بېقىش، سويۇش ـ پىششىقلاش، تەكشۈرۈش ـ ئۆلچەش، ئوراپ قاچىلاش ـ ئوبوروت قىلىش، سوغۇق زەنجىرسىمان ئەشيا ئوبوروتى ـ سېتىش بىر گەۋدە قىلىنغان يېزا ئىگىلىك كەسپىي ئۈلگە كۆرسىتىش باغچىسى قۇردى.

قاراقاش ناھىيەسى سودىگەر چاقىرىشنى تۇتۇپ، پۈتۈن كەسىپ زەنجىرى قۇرۇش ـ كۈچەيتىشنى كۆزلەپ، تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى بىلەن تەمىنلىدى. مېيىبىتى شىركىتى نەسىللىك توخۇ كۆپەيتىپ يېتىشتۈرۈش، تۇخۇمدىن چۈجە چىقىرىش، گۆش توخۇسى بېقىش، سويۇش، چوڭقۇر پىششىقلاش، ئوراپ قاچىلاش ـ ئوبوروت قىلىش قاتارلىق كەسىپ تۈرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، مەھسۇلاتلىرىدىن توڭلىتىلغان توخۇ، يېڭى توخۇ ھەم ئۈچەي كاۋاپ تۈرى، خوگو تۈرى، سالامەتلىكنى تەڭشەيدىغان تۈر، ياغدا پىشۇرۇلغان تۈر قاتارلىقلار بار.

يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، پەخىرلەنگۈدەك نەتىجىلەر بىر ـ بىرلەپ بارلىققا كەلدى. شىركەتنىڭ نەسىللىك توخۇلىرىدىن ئاق پەيلىك گۆش توخۇسى، ئاق بالداق توخۇدىن ئىبارەت ئىككى تۈر بار؛ كۈندىلىك تۇخۇمدىن چىقىرىش ئىقتىدارى 200 مىڭ دانە بولۇپ، ئەتراپتىكى 13 يېزا ـ بازاردىكى 13 باقمىچىلىق بازىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولدى، ئايدا 6 مىليون دانىدىن 7 مىليون دانىگىچە گۆش توخۇسى كاتەكتىن چىقىرىلدى؛ كۈندە 200 مىڭ گۆش توخۇسى سويۇلىدىغان سويۇش سېخى ۋە يىللىق مەھسۇلاتى 72 مىڭ توننىغا يېتىدىغان گۆش مەھسۇلاتلىرىنى چوڭقۇر پىششىقلاش سېخى قۇرۇپ چىقىلدى.

«كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن، بىز نەسىللىك توخۇنى كۆپەيتىپ يېتىشتۈرۈش ۋە گۆش توخۇسى بېقىش جەريانىدا ھاسىل بولغان توخۇ مايىقىدىن ئورگانىك ئوغۇت ياساپ چىقىپ، ئاشلىق، ئالاھىدە مېۋىلىك دەرەخ ۋە كۆكتات تېرىشقا ئىشلەتتۇق» دېدى جېڭ خەيلۇڭ.

## مۇلازىمەت يەتكۈزۈش كارخانىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى

7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، مېيىبىتى شىركىتىنىڭ خادىملىرى 100 توننا توخۇ گۆشى مەھسۇلاتىنى يېڭىدىن سېتىۋالغان ئەشيا ئوبوروتى تەقسىملەپ يەتكۈزۈش ئاپتوموبىلىغا توشۇۋاتاتتى.

بۇ 146 ئەشيا ئوبوروتى تەقسىملەپ توشۇش ئاپتوموبىلىنى بۇ شىركەت يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى قاراقاش ناھىيەلىك تارماق بانكىسى تارقاتقان نامراتلارنى يۆلەش قەرز پۇلىدىن پايدىلىنىپ سېتىۋالغان، بۇنىڭ بىلەن، قاراقاش ناھىيەلىك تارماق بانكا تارقاتقان جەمئىي 293 مىليون يۈەن قەرز پۇلنىڭ زور كۈچ بىلەن يۆلىشىدە، بۇ شىركەت تىجارەت ئەندىزىسىنى رەسمىي باشلىغان.

«بۇلار جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ خاڭجۇ شەھىرىگە ئەۋەتىلىدۇ، بۇ 1 ـ تۈركۈم. ئەمدى ئۈرۈمچى، كورلا قاتارلىق شىنجاڭ ئىچىدىكى شەھەرلەرگىمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن مال ئەۋەتىمىز» دېدى بۇ شىركەتنىڭ سېتىش دىرېكتورى يۈ شيۇدۇڭ.

بۇ يىل 3 ـ ئايدا، يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، مېيىبىتى شىركىتىنىڭ چۈجە، ئۇرۇقلۇق، يەم سېتىۋالىدىغان مەبلىغى يېتىشمەي قالدى، قەرز پۇل ئىلتىماس قىلسا ئاز دېگەندە بىر ئايدا ئاندىن تەستىقلىناتتى. تىمتاس سېخقا قاراپ جېڭ خەيلۇڭ ئىنتايىن تىت ـ تىت بولدى، بىر كۈن بىكار تۇرسا بىر كۈنلۈك زىيان كۆپىيەتتى. دەل جېڭ خەيلۇڭنىڭ قەرز پۇل ئۈچۈن بېشى قېتىپ تۇرغان ۋاقىتتا، قاراقاش ناھىيەسى يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى قاراقاش ناھىيەلىك تارماق بانكىسى بىلەن تەشەببۇسكار ھالدا ئالاقىلىشىپ، بىرىنچى ۋاقىتتا شىركەت بىلەن ئۇدۇللاشتۇردى، 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا 150 مىليون يۈەن قەرز پۇل بېرىلىپ، كارخانا قىسقا ۋاقىت ئىچىدە داۋاملىق ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، قاراقاش ناھىيەسى كارخانىلارنىڭ مەبلەغ ئېھتىياجىنى پائال ئۇدۇللاشتۇرۇپ رەتكە تۇرغۇزۇپ، ئىشىك ئالدىغا بېرىپ ئىناۋەتلىك قەرز مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەپ، ھۆكۈمەت ـ بانكا ـ كارخانا ئالاقىلىشىش، ماسلىشىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىپ، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشتىكى قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى يېڭى تىرەك بىلەن تەمىنلىدى.

«يىل بېشىدىن بۇيان، بانكىمىز جەمئىي 12 كارخانىغا مەددەت بېرىپ، 14 قېتىم ئىناۋەتلىك قەرز بېرىش مۇلازىمىتى قىلدى، سوممىسى 445 مىليون يۈەنگە يەتتى» دېدى يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى قاراقاش ناھىيەلىك تارماق بانكىسى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، بانكا باشلىقى ياڭ شىنمىڭ.

«بۇ پەقەت ھۆكۈمەتنىڭ ئىشىك ئالدىغا بېرىپ مۇلازىمەت قىلىش داۋامىدىكى بىر تۈر بولۇپ، ئورۇن تاللاپ زاۋۇت ئۆيى سېلىش، خىزمەتچى قوبۇل قىلىش... ھەربىر ئەمەلىي قىيىنچىلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىللىق مۇلازىمەتكە ئېرىشىپ، كارخانىنى تېخىمۇ كۆپ ئېرىشىش تۇيغۇسىغا ئىگە قىلدى.» جېڭ خەيلۇڭ مۇنداق دېدى: «بىزمۇ كۈچلۈك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، پەيتنى قولدىن بەرمەيدىغان تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى بىلەن، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىشتا يېڭى نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۆز كۈچىمىزنى قوشىمىز».

## ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن ئورتاق بەھرىلىنىش

«بۇ مەن مەسئۇل بولغان توخۇ كاتىكى، بۇ، تېمپېراتۇرا، نەملىك، ھاۋا بېسىمىنى كونترول قىلىدىغان مەشغۇلات تاختىسى، ھاۋا بېسىمى تۆۋەن بولسا چۈجىلەر زۇكامداپ قالىدۇ، بەك يۇقىرى بولۇپ كەتسە ئوكسىگېن يېتىشمەسلىك ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ، بۇنى ياخشى كونترول قىلىش كېرەك.» بۈگۈنكى كۈندە، مەمتىمىن جۇمە بۇ زامانىۋى كارخانىنىڭ ئۆزىگە ئېلىپ كەلگەن ئۆزگىرىشلىرىدىن بەھرىمەن بولۇۋاتىدۇ.

مەمتىمىن قاراقاش ناھىيەسىنىڭ سايباغ يېزىسى سۆگەتبوستان كەنتىدىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلە بولۇپ، پارچە ـ پۇرات ئىش قىلىشقا تايىنىپ تۇرمۇشنى قامدايتتى، كىرىمى بار، بىراق مۇقىم ئەمەس ئىدى. بۇلتۇر، ئۇ مېيىبىتى شىركىتىنىڭ سايباغ يېزىسىدىكى باقمىچىلىق بازىسىدا باقمىچى بولدى، زامانىۋى كاتەك ۋە ئەقلىي ئىقتىدارلىق يەم بېرىش سىستېمىسى ئۇنىڭ ئەنئەنىۋى توخۇ بېقىش تونۇشىنى ئاغدۇرۇۋەتتى.

زاۋۇتقا كىرگەندىن كېيىن، ئۈچ ئايدىن كۆپرەك تەربىيەلىنىش، ئۆگىنىش ئارقىلىق، مەمتىمىن تۈرلۈك مەشغۇلاتنى پىششىق ئىگىلىيەلەيدىغان بولدى، بۈگۈنكى كۈندە، 35 مىڭ چۈجە بېقىلىدىغان توخۇ كاتىكىنى باشقۇرۇۋاتىدۇ، «مەن ھازىر ئېلېكترونلۇق كونترول قىلىش تاختىسى ئارقىلىق، تۈرلۈك باقمىچىلىق سانلىق مەلۇماتلىرىنى كۆزىتىپ ۋاقتىدا تەڭشىيەلەيمەن».

قاراقاش ناھىيەسى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، تولۇق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاممىنى تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن ئورتاق بەھرىمەن قىلدى. مېيىبىتى شىركىتىدە مەمتىمىنگە ئوخشاش مۇشۇنداق خادىمدىن 5986سى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلە 3064 كىشى بولۇپ، كىشى بېشى ئايلىق مائاشى 2500 يۈەندىن ئاشىدۇ.

«شىركەت ‹باشلامچى كارخانا+بازا+ھەمكارلىق كوپېراتىپى+نامرات ئائىلە› ئەندىزىسىنى قوللىنىپ، كەسىپلەرنى كەنتلەرگىچە ئۇزارتىپ، ئائىلىلەرگىچە ئورۇنلاشتۇردى ھەم باقمىچىلارنى بىرتۇتاش تەربىيەلەش، چۈجە بىلەن بىرتۇتاش تەمىنلەش، يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىلەن بىرتۇتاش تەمىنلەش، يەم بىلەن بىرتۇتاش تەمىنلەش، بىرتۇتاش تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىش، گۆش توخۇسىنى بىرتۇتاش يىغىۋېلىشتىن ئىبارەت ‹ئالتە بىرتۇتاش› مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەپ، 1560 نامرات ئائىلىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولدى.» جېڭ خەيلۇڭ مۇنداق دېدى: «ئەمدى مېيىبىتى شىركىتى يەنە خوتەن ۋىلايىتىدە خەلققە قولايلىق تاماق ھارۋىسىدىن 5000نى تارقىتىدۇ. نۆۋەتتە، قاراقاش ناھىيەسىگە 500 تاماق ھارۋىسى تارقىتىلدى، بۇ، 10 مىڭ كىشىنىڭ ئىگىلىك تىكلەش، ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىدۇ».